# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي

6

پەيشەنبە

维吾尔文 2 月6日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com　24963 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ كامبودژا باش ۋەزىرى خۇڭسېن بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ياڭ يىجۈن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خەلق سارىيىدا كامبودژا باش ۋەزىرى خۇڭسېن بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى پۈتۈن كۈچ بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ سېنېگال زۇڭتۇڭى سالغا خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

2 - بەتتە

### شى جىنپىڭ مەركەز دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى 3 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركەز دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەركەز دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى 3 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۇرگۈزۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىن كۈچەپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «مەركەز دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى»، «قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇنىۋېرسال يانداش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «قانۇنچىل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھەسى» ۋە شاڭخەي شەھىرىنىڭ قانۇنچىللاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، قانۇن بويىچە ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىنتايىن مۇھىم. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قانچە كۈچەيدىغان ۋاقىتتا كەلگەنسېرى قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە شۇنچە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق يولىدا تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## 2020 - يىللىق مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئېلان قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار دۇڭ جۈن، خۇ شۆجىڭ)** شىنخۇا ئاگېنتلىقى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان 17 - قېتىملىق مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى بىرلىگەن ھوقۇقتا بىنائەن ئېلان قىلدى.

بۇ ھۆججەتنىڭ تېمىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى» بولۇپ، تولۇق تېكىستى جەمئىي بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن، بۇ تۈۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش؛ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا توغرىلىنىپ، يېزا ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىش؛ مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش؛ يېزىلاردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش.

ھۆججەتتە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىل. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق قارىدى: يۇقىرىقى ئىككى چوڭ نىشان - ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغاننى جەزمەن ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش كېرەك، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى گەۋدىلىك كەمتۈكلۈكلەرنى جەزمەن تولۇقلاش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى مەخسۇس تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# قەتئىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن جاسارەتلىك جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىزنى تۈپ مىزان ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن جاسارەتلىك جەڭ قىلىشقا ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى

### چېن چۈەنگو دوكلات قىلىش يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پىڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى 30 - خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى. 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى 30 - خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ شۆتاۋ سۆزىدە، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن قوللانغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قاراڭغۇ رايون قالدۇرماي، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماي، يوچۇق قسز جىپسىلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

ۋاڭ شۆتاۋ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر، شىنجاڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئالاقىدار نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار - ئامما بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھاملاندى، تېخىمۇ ئىشەنچكە تولدى، يۈرۈلشنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنجاڭ جىنخۇا 7555 كەسپىي فورما چەكلىك شىركىتىنىڭ تىككۈچىلىك سېخىدا، خىزمەتچى خادىملار ئۈچ تۇتاش تەنلىك مۇداپىئە خىزمەت كىيىمىنى جىددىي تىكمەكتە. ☐خې لۇڭ فوتوسى

## «كۆك - تاق» «ئاشلىق» بىلەن تەمىنلەشتە مال يېتەرلىك، باھا مۇقىم

—— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى زاپىسى يېتەرلىك، تەمىنلەش راۋان بولماقتا

4 - بەتتە